# تاموژنا بېجى كالتىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىيالمايدۇ

□جۇڭ شېڭ

ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە قارىتا، جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر ئادىللىق، ھەققانىيلىق تەرەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي كۈچ ۋە ئېلاستىكلىقلىقنى تىرەك قىلغان تولۇپ تاشقان جاسارەتنى نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، ئەركىن سودا ۋە قائىدىنى ئاساس قىلىدىغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوغداپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك تەرىپلىشىگە ئېرىشتى.

جۇڭگو 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن ئاھالىسى بار چوڭ بازار، دۇنيادا كۆلىمى ئەڭ زور ئوتتۇرا كىرىملىكلەر توپىغا ئىگە، ئىستېمالنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلمەكتە، ئىستېمال بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، بۇ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ زەنجىرسىمان ئەزالىق تۈزۈمىدىكى سېتىش مەيدانى كوستكونىڭ جۇڭگودىكى تۇنجى دۇكىنى تىجارەت باشلىدى، سودىسىنىڭ ئاۋاتلىق دەرىجىسى غەربتىكى ئاممىۋى پىكىرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى — جۇڭگو بازىرىدىكى پايدىلىق ئامىلنىڭ تەسىرىدە، كوستكونىڭ ئومۇمىي بازار قىممىتى ئىككى كۈن ئىچىدە تەخمىنەن 7 مىليارد 800 مىليون دوللار ئاشتى. ئامېرىكا پېڭبو ئاخبارات ئاگېنتلىقى باھا بەرگەندەك: «سودا ئۇرۇشى بولۇش ـ بولماسلىقتىن قەتئىينەزەر، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىستېمالچىلارغا ئەگىشىپ جۇڭگوغا باردۇ».

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى جۇڭگونى چەت ئەل كارخانىلىرى سەل قارىسا بولمايدىغان سېلىنما مۇنبەت تۇپرىقىغا ئايلاندۇردى. «ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگودىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە قانداقمۇ كۆزى قىيسۇن»، بۇ، سانسىزلىغان كەسىپ ئىچى ـ سىرتىدىكى زاتلارنىڭ قەلب ساداسى. ئەنگلىيە «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سودىدىكى دۈشمەنلىشىش غەرىزى ئۈزلۈكسىز ئاشقان بولسىمۇ، بىراق جۇڭگونىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ئىستېمال بازىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى سېلىنمىسى يەنىلا ئاشماقتا، «‹بايلىق› ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يۇقىرى دەرىجىلىك ياسىمىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئامېرىكىدىكى 1000 كۈچلۈك شىركەت... ھەممىسى جۇڭگو بىلەن سودا قىلىۋاتىدۇ ھەمدە جۇڭگودىكى كەسپىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ»، چۈنكى «ئۇلار جۇڭگونىڭ داۋاملىق دۇنيادىكى ئەڭ جانلىق ياساش مەركىزىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ».

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى ئورتاق پايدا ئېلىشنى نىشان قىلغان بازار كۈچى ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئامېرىكا كارخانىلىرىنى جۇڭگودىن چېكىندۇرۇپ چىقىپ كېتىشنى، ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىشنى جار سېلىپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ھەمكارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، ئورتاق پايدا ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان دەۋر ئېقىمىنى كەينىگە ياندۇرالمايدۇ. ئامېرىكا ـ جۇڭگو سودىسى مەملىكەتلىك كومىتېتى يېقىندا ئېلان قىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشچە، زىيارەتنى قوبۇل قىلغان 97% ئامېرىكا كارخانىسى جۇڭگو بازىرىدا پايدا ئالغان. بۇ كومىتېتنىڭ كومىتېت باشلىقى كرائىگ ئاللېن ئېنىق قىلىپ مۇنداق بىلدۈردى: «ئۇ يەر(جۇڭگو)دىكى كۆپ سانلىق ئامېرىكا كارخانىلىرىغا ئايانكى، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىدە، جۇڭگو يەنىلا يەر شارىۋى ئېشىشتىكى ئاساسلىق موتورلارنىڭ بىرى بولىدۇ.» روشەنكى، جۇڭگو بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەنلىك، پۇرسەت بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەنلىك، كەلگۈسى بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەنلىك، ئامېرىكا كارخانىلىرى بۇنى ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەردىنمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن.

جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئۈمىدۋار قاراپ، جۇڭگو بازىرىدىكى پۇرسەتكە ئەھمىيەت بېرىش دۇنيادىكى زور كۆپ ساندىكى كارخانىنىڭ ئورتاق تونۇشى. يېقىندىن بۇيان، «جۇڭگو بازىرىغا يۈرۈش قىلىش» توغرىسىدىكى خەۋەرلەر كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى — گېرمانىيە پارچە سېتىش كەسپىدىكى ماگنات ئاۋلىچى جۇڭگودا بازار ئېگىلەش ئۈچۈن يېڭى قەدەم تاشلىدى، ياپونىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئائىلە جاھازلىرى زەنجىرسىمان دۇكىنى سىناۋ جۇشى ئۇيۇشمىسى 2032 ـ يىلىغا بارغاندا جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا 1000 دۇكان ئاچىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئېكسون موبىل شىركىتى جۇڭگودا چوڭ تىپتىكى شېرىكسىز مەبلەغدىكى نېفىت خىمىيە تۈرىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى... جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قەدىمىنى مۇستەھكەملىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو بازىرىنىڭ سېھرىي كۈچى بارغانسېرى ئاشماقتا، بۇمۇ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى ئارقا كۆرۈنۈشىدە، جۇڭگونىڭ بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يەتتە ئېيىدا ئەمەلىي ئىشلەتكەن چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.3% ئاشقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى.

جۇڭگو بازىرىنىڭ سېھرىي كۈچى توغرىسىدىكى ھېكايە پۇرسەت بىلەن ۋەزىيەتنىڭ لوگىكىسى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىزاھلاپ بەردى، جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى قايىل قىلارلىق ھالدا چۈشەندۈردى. ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چوڭ ۋەزىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان ھەرقانداق غەرىزى قانۇنىيەتكە خىلاپ قىلمىش، ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ.

**(2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جياڭ گۇاڭنەي: «بىر غېرىچ يەر، ئالقانچىلىك ئوت ـ چۆپتىنمۇ ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ»

**جياڭ گۇاڭنەينىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).**

**□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر خۇاڭ خاۋيۈەن)** گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى دۇڭگۇەن شەھىرى خۇمېن بازىرىنىڭ نەنشەن كەنتى سەنجياڭ تەبىئىي كەنتىدە، شەكلى كۆركەم غەربچە داچە شەكىللىك باغ ـ ئورمانلىق بىر ئىمارەت بار، باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان بولۇپ، تومۇز ئىسسىق بولىدىغان ياز مەزگىلىدە تېپىلغۇسىز سالقىن بولىدۇ. بۇ جاي دەل تاشقى دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، ئەلنى قەلبىگە پۈككەن ۋەتەنپەرۋەر قوماندان جياڭ گۇاڭنەينىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى.

جياڭ گۇاڭنەينىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسىنىڭ مەسئۇلى جوڭ ۋېيفېڭ مۇنداق دېدى: جياڭ گۇاڭنەي جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسىتىشىدىكى قەھرىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن يەر شارىدىكى خۇاربېنلار ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇيغا ۋە غايەت زور تەسىر كۈچكە ئىگە، ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى بىزنىڭ ھۆرمەت قىلىشىمىزغا ۋە ياد ئېتىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

جياڭ گۇاڭنەي، تەخەللۇسى جىڭ رەن، 1888 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گۇاڭدۇڭ دۇڭگۇەندە تۇغۇلغان. 1906 ـ يىلى ئۇ خۇاڭپۇ گۇاڭدۇڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، تۇڭمېڭخۇيگە قاتنىشىپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، خەلقنى قۇتقۇزۇشقا ئىرادە باغلىغان. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۇ چېن مىڭشۇ، لى جاڭدا قاتارلىقلار بىلەن بىللە ۋۇچاڭغا بېرىپ، خۇاڭ شىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە قوشۇلغان. ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنىڭ پىدائىيلار ئەترىتىگە ئەزا بولۇپ، خەنكۇ، لۇڭۋاڭمياۋدا قۇرۇقلۇققا چىقىش ۋە خەنكۇنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىگە قاتناشقان. 1912 ـ يىلى ھەربىي تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، باۋدىڭ ھەربىي مەكتىپىگە تاللاپ ئەۋەتىلگەن. كېيىنكى يىلى «ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب» پارتلىغان، جياڭ گۇاڭنەي لى لېيجۈن رەھبەرلىكىدىكى خۇكۇ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياپونىيەگە بېرىپ، خۇاڭ شىڭ مەسئۇل بولۇپ ئاچقان ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۇرسى «خاۋرەنلۇ»دا ئوقۇپ، سۈن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن تونۇشقان، كېيىن سۈن جۇڭشەن ئەپەندىگە ئىزچىل ئەگىشىپ يېنىدا تۇرغان.

سۈن جۇڭشەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جياڭ گۇاڭنەي ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرققە يۈرۈش قىلىش، شىمالغا يۈرۈش قىلىشتا كۆپ قېتىم قالتىس تۆھپە كۆرسەتكەن. شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدا، مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە 4 ـ جۈنى ئارقا ـ ئارقىدىن جەڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، «پولات قوشۇن»دەپ تەرىپلەنگەن. كېيىن ئۇ تۇرۇشلۇق قىسىم 19 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسىگە ئۆزگەرتىلىپ، جياڭ گۇاڭنەي پۈتۈن ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى بولغان.

جياڭ گۇاڭنەي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە مۇنەۋۋەر ھەربىي بولۇپلا قالماي، يەنە ئەلنى قەلبىگە پۈككەن ۋەتەنپەرۋەر قوماندان. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەڭ قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن ئۇرۇشتا كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئەھمىيىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر بىر ئېتىقادتا چىڭ تۇرغان، ئۇ بولسىمۇ تاشقى دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىدى. جياڭ جېيشى «چەت ئەل زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇشتا، جەزمەن ئالدى بىلەن ئىچكى قىسمىنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىۋاتقان كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە قاراتقان، بۇ جياڭ گۇاڭنەينىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان.

1932 ـ يىلى ياپونىيە قوشۇنى 28 ـ يانۋار ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، شاڭخەينى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئەينى چاغدا شاڭخەينى ساقلاۋاتقان جۇڭگو قوشۇنى دەل 19 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى بولۇپ، جياڭ گۇاڭنەي ئالىي قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالغان. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يۇقىرى دولقۇنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش چاقىرىقىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە، جياڭ گۇاڭنەي ياپون قاراقچىلىرىغا زەربە بېرىپ، شاڭخەينى قوغداشقا ئىرادە باغلىغان. ئۇ كېسەل بولسىمۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ، ئۆزى قوماندانلىق قىلغان ھەم پۈتۈن مەملىكەتكە «بىر غېرىچ يەر، ئالقانچىلىك ئوت ـ چۆپتىنمۇ ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ»دەپ تېلېگراممما يوللاپ، دۆلەت زېمىنىنى جان تىكىپ قوغداش، كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن.

ياپونىيە قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، جياڭ گۇاڭنەي قەتئىيلىك بىلەن: «توپ ـ زەمبىرەك بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ، 19 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق بەرداشلىق بېرىپ، ياپونىيە قوشۇنىنىڭ «تۆت سائەتتە شاڭخەينى ئىشغال قىلىمىز» دېگەن يوغان گېپىنى تارمار قىلغان. سۇڭخۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھەيۋىسىنى قاتتىق يەرگە ئۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، كېيىنكى ئومۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلىگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جياڭ جېيشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تىنچلىققا ئىنتىلىش ئارزۇسىغا قارىماي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان. 1947 ـ يىلى، جياڭ گۇاڭنەي دېموكراتىك ئىنقىلاب پائالىيىتى بىلەن مەخپىي شۇغۇللىنىپ، لى جىشېن، خې شياڭنىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇش خىزمىتىنى بىرلىكتە پىلانلىغان ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەم باشقا دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغان. 1948 ـ يىلى يېڭى يىلدا، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئاشكارا ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى جاكارلىغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جياڭ گۇاڭنەي مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى توقۇمىچىلىق سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىغا ئاساسلىق مەسئۇل بولغان. ئۇ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشۇش ئۈچۈن، ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ، ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، توقۇمىچىلىق خام ماتېرىيالى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەسلىكتەك گەۋدىلىك زىددىيەتنى كۆچەپ ھەل قىلغان. خىزمەت، تۇرمۇشتا، ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، جاپاغا چىداپ، ئاددىي ـ ساددا ياشاپ، پاك ـ ئادىل بولۇپ، كومپارتىيە رەھبىرى كادىرلىرى بىلەن سەممىمىي ھەمكارلىشىپ، كېڭىشىپ ئىش بېجىرىپ، ئاما ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. 1967 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

2008 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جياڭ گۇاڭنەينىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى دۇڭگۇەن شەھىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئەسلىي تۇرالغۇنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ئېكسكۇرسىيەچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، 2019 ـ يىلى ئەسلىي تۇرالغۇدا يەنە جياڭ گۇاڭنەينىڭ ھايات چېغىدىكى ئىش ئىزلىرىنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش باش تېما تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

2015 ـ يىلى، دۇڭگۇەن شەھىرى خۇمېن بازارلىق ھۆكۈمەت جياڭ گۇاڭنەي مۇزېيىنى قۇرۇش تۈرىنى باشلاپ، ئەسلىي تۇرالغۇنىڭ يېنىدا كۆرگەزمە، تەربىيە، ساياھەت بىر گەۋدە قىلىنغان مۇزېي بەرپا قىلىپ، جياڭ گۇاڭنەينىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى بولۇشتەك جەمئىيەت ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ■«ئىسسىق قان» ھاياتلىق نۇرىنى قايتا ياندۇردى

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مۇخبىرلار ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ سارداۋان يېزىسىدا ئېبرۇلاتنى قايتا كۆرگەندە، ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىر بوۋاق تۇراتتى: «مەن دېدىمغۇ، سالامەتلىكىم شۇنداق ياخشى، ئەينى چاغدا مېنى بەك ئورۇق دېگەنتىڭلار، قاراڭلار، مەن ۋە بالام شۇنداق ساغلام تۇرىمىدۇق!» مۇخبىرلار تۇنجى قېتىم ئېبرۇلاتنى بىر يىل ئىلگىرى زىيارەت قىلغان، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ خوتۇنى ھەم ئەتراپتىكى نۇرغۇن كىشى ئېغىرلىقى ئاران 59 كىلوگرام كېلىدىغان، لېكىن قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلىشتا چىڭ تۇرغان ئۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدى.

ئائىلىسىدىكىلەرنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ھەتتا بىرقەدەر يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىنىسىنى يېنىغا تارتىپ ئۇلارغا خىزمەت ئىشلىدى. «تەقدىم قىلغاندىن كېيىن دەم ئېلىش ۋە ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلسىلا، بەدەنگە ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.» ئېبرۇلاتنىڭ كۆپ قېتىم چۈشەندۈرۈشى بىلەن خوتۇنى ئاخىر ئۇنىڭ تاللىشىنى قوللىدى.

2011 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئېبرۇلات ئۈچىنچى قېتىم ھەقسىز قان تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا يىلىك ئامبىرى پىدائىيلار تىزىملىكىگە ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قويدى.

يەتتە يىل ئۇزاق كۈتۈش ئارقىلىق، 2018 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، 38 ياشلىق ئېبرۇلات ئۈرۈمچى ناھىيەلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىدىكى خىزمەتچى خادىمنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى: «سىزنىڭ قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرىڭىز خېنەن ئۆلكىسىدىكى 16 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭكى بىلەن تىپىنى ماسلاشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ، سىز تەقدىم قىلىشنى خالامسىز ؟» «ئەلۋەتتە خالايمەن!» دېدى ئېبرۇلات سەل ھاياجانلانغان ھالدا. «بۇ بىرقانچە يىلدا مەنمۇ تىپىنى ماسلاشتۇرۇشقا دائىر بىر قىسىم بىلىملەرنى بىلىۋالدىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىمۇ تىپىنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ناتايىن ئىكەن، بىزنىڭ تىپىمىزنى ماسلاشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە تەقدىم قىلىمەن!» ئېبرۇلات كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقىي «قانداشلىق مۇناسىۋەت» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېبرۇلاتنىڭ 163 مىللىلىتر قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە سۇسپېنزىيەسى بۇ 16 ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزۈلدى.

ئېبرۇلاتقا يېزىلغان بىر پارچە تەشەككۈر خېتىدە، تەقدىم قىلىنغۇچىنىڭ دادىسى مۇنداق يازغاندى: «مەن ئوغلۇمغا بىر ناتونۇش تەقدىم قىلغۇچى مېھىر ـ شەپقىتى ۋە قېنى بىلەن سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇپ قالدى، بۇ شەپقەتنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلىغىن، كېيىنكى ئۆمرۈڭدە ئۇنى ئۈلگە قىلىپ جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇپ، مېھىر ـ شەپقەتنى داۋاملاشتۇرغىن، دەيمەن!»

«مەن مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنى قىلالىغانلىقىمدىن ھاياتىمنىڭ قىممەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم!» ئېبرۇلات بۇ گەپنى ھازىر تىلغا ئالغاندىمۇ چېھرىدىن ئىپتىخارلىق جىلۋىلىنەتتى.

## ■«مېھرىبان تاغا» ئۈمىد بېغىشلىدى

مۇخبىرلار زىيارەت جەريانىدا نۇرغۇن چىن ھېسسىياتلىق، سەممىي تەشەككۈر خەتلىرىنى ئوقۇدى، ئۇلار ئاخىرى تەلىيىگە بىر تەقدىم قىلىنغۇچىنىڭ دادىسىنىڭ ھەققىي ساداسىنى ئاڭلىدى.

جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ پېجوۋ شەھىرىدىكى قىز شياۋشۆنىڭ 2014 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قىزىل تەمسى يانماي، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتكەن.

«جەددىي خاراكتېرلىك لىمفا ھۈجەيرىسى ئاق قان كېسەللىكى» دەپ قويۇلغان دىياگنوز قەغىزىنى كۆرگەن شياۋشۆنىڭ دادىسى يەرگە يىقىلغان.

نېمىدېگەن تەلەيلىك. جۇڭخۇا يىلىك ئامبىرىنىڭ تاللىشى ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى بىر پىدائىينىڭ شياۋ شۆنىڭكى بىلەن تىپى ماس كەلگەن. شياۋ شۆ ئائىلىسىدىكىلەر خۇشاللىقىدىن يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاخىر قۇتقۇزۇۋېلىندىغان بولدى!» دېگەن.

2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شياۋ شۆ مىكروبسىز ئۆيدە تۆت ئاي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىنغان. كېيىنكى مەزگىللىك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشچە، كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى مەغلۇپ بولغان. «مەن يەنە بىر قېتىم تەقدىم قىلىشنى خالايمەن، بالا چوقۇم ياشىشى كېرەك!» تەقدىم قىلغۇچى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەي يەنە بىر قېتىم يېڭىنى تۇرۇپ تەقدىم قىلغان.

2016 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، شياۋ شۆ ئىككىنچى قېتىم كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىنغان. ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، شياۋ شۆنىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارى ئەسلىگە كېلىپ، قىپقىزىل كىچىك يۈزىدە ئاستا ـ ئاستا يەنە پەرىشتىدەك تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن.

«مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز، كۆرۈپمۇ باقمىغان بۇ ياخشى نىيەتلىك كىشىگە مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمىز، بالامغا ئىككى قېتىم تەقدىم قىلدى. ھەممەيلەن شىنجاڭلىقلار قىزغىن دەيدۇ، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە شىنجاڭلىقلار تېخىمۇ ئاق كۆڭۈل ئىكەن.» شياۋ شۆنىڭ دادىسى تېلېفوندا مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «ھازىر شياۋ شۆنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، يەنە مەكتەپكە باردى، ئۇنىڭ ماقالىلىرىدە دائىم بۇ ‹مېھرىبان تاغا› تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئازراق چوڭ بولغاندا، مەن چوقۇم ئۇنى شىنجاڭغا ئېلىپ بېرىپ، بۇ ‹مېھرىبان تاغا›نى تېپىپ، ئۇنىڭغا يۈزتۇرا ‹رەھمەت› دەيمەن».

## ■ھاياتلىقنى ئورتاق داۋاملاشتۇرۇش

مېھىر ـ شەپقەت — ئوت، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن تەقدىم قىلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتماقتا. ھەر بىر تەقدىم قىلغۇچى پىدائىي گوياكى چوغدەك، يامان سۈپەتلىك قان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ھاياتلىق ئۈمىدىنى قايتىدىن ياندۇرۇشنى ئارزۇ قىلماقتا.

ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانا بىناسى ئىچىدىكى بىر تامغا، جۇڭخۇا يىلىك ئامبىرى شىنجاڭ شۆبە ئامبىرىغا قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلىش «مېھىر ـ شەپقەت دەرىخى» ئېسىلغان، بۈك ـ باراقسان شاخلارغا مول مېھىر ـ شەپقەت مېۋىلىرى «ئېسىلغان» بولۇپ، ھەر بىر مېھىر ـ شەپقەت شېخىغا بىر تەقدىم قىلغۇچىنىڭ ئىسمى ھەم تەقدىم قىلغان ۋاقتى خاتىرىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم بوش قالغان مېھىر ـ شەپقەت شاخلىرى يېڭى ئىگىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ يېزىلىشىنى كۈتمەكتە.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلغۇچى ۋاڭ چېن 2008 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلىشنىڭ خالىس تەشۋىقاتچىسى بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى دۆلەت ھالقىپ تەقدىم قىلغۇچى لى گۇاڭخۇي كورېيەدىكى بىر ئاغرىق بالىغا ھاياتلىق چوغىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، داۋاملىق قەرەللىك قان تەقدىم قىلىشتا چىڭ تۇردى ھەم ئاق قان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالىغا ھەمراھ بولۇپ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەقدىم قىلغۇچىلار ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بولغان گوچى سەككىز ياشلىق ئاغرىق بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغاندىن كېيىن، تاراتقۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئېلان قىلىشىغا قوشۇلمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ياشىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ بۇ مېھىر ـ شەپقەتنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىم ۋە ئىقتىدارىم بار».

ھەر دەرىجىلىك قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى ھەم پىدائىيلارنىڭ تۈرتكىسىدە، بارغانسېرى كۆپ كىشى ئامبارغا كىرىشكە ئىنتىلدى، «مېھىر ـ شەپقەت دەرىخى» بارغانسېرى باراقسانلىدى.

جۇڭخۇا يىلىك ئامبىرى شىنجاڭ شۆبە ئامبىرىنىڭ ئېنىقلىشىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلغان بارلىق پىدائىيلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ تېنىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلمىگەن.

«بىز ھازىر يىلىك سىرتىدىكى قاندىن قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلىش شەكلىنى قوللىنىۋاتىمىز، ئېلىش جەريانىدا ئاغرىمايدۇ، ئېلىنغاندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىش ۋاقتى تېخىمۇ قىسقا بولىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى قان كېسەللىكى بۆلۈمى قان كېسەللىكى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ماۋ مىن مۇنداق تونۇشتۇردى: قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە ئېلىش جەريانى بىلەن ئادەتتىكى قان تەقدىم قىلىش جەريانى ئوخشاش بولۇپ، تەقدىم قىلغۇچىنىڭ بىلەك ۋېنا تومۇرىدىن پۈتۈن تەركىبلىك قان بىۋاسىتە ئېلىنىپ، قان ھۈجەيرىسىدىن قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە ئايرىپ ئېلىنىش بىلەن بىللە، قاندىكى قېلىپ قالغان تەركىبلەر تەقدىم قىلغۇچىنىڭ تېنىگە قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. ئادەم تېنىدىكى قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە ناھايىتى كۈچلۈك قايتا ھاسىل بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بىر ھەپتىدىن ئىككى ھەپتىگىچە قاندىكى تۈرلۈك قان ھۈجەيرىلىرى ئەسلىگە كېلىپ تەقدىم قىلىشتىن بۇرۇنقى سەۋىيەگە يېتىدۇ. شۇڭا قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلغاندا بەدەننىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

2017 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى تۇنجى قېتىم قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە ئېلىش، تەقدىم قىلىشنى تاماملىغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلغۇچى 29 پىدائىي شىنجاڭدا ئۆز جايىدا ئېلىش ـ تەقدىم قىلىشنى تاماملىدى.

«قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلىش مېھىر ـ شەپقەت بېغىشلايدىغان، ھاياتنى قۇتقۇزىدىغان، ئاغرىقلارغا بەخت يارىتىدىغان ئالىيجاناب ھەرىكەت، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ۋە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.» ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى ئابدۇرېھىم يۈسۈپ مۇنداق دېدى: تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ قان ئىشلىگۈچى غول ھۈجەيرە تەقدىم قىلغۇچىلار قوشۇنىغا قېتىلىپ، ھاياتلىق نۇرىنى ياندۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى باغزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)